# رامىزان ئېيىنى غەنىيمەت بىلىشتىكى رەھمان تائالانىڭ ئىنئامى

يازغۇچى:
ئەبۇ يەھيا لىيبىي (رەھمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# رامزان ئېيىنى غەنىيمەت بىلىشتىكى

# رەھمان تائالانىڭ ئىنئامى

يازغۇچى:

ئەبۇ يەھيا لىيبىي رەھمەھۇللاھ

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تعالى نىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىردا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ ياردىمى، مەغفىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تعالى بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

پۈتۈن ئالەمنىڭ رەببى الله تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇن! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن! ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ، ساھابىلىرىگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا الله نىڭ كەڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك ، رامىزان ئېيىنىڭ ھېكمىتىنى پەقەت الله تعالى ئۆزى بىلىدۇ. الله تعالى مەخلۇقاتلارنى ئوخشىمىغان سۈپەتلەردە ، ئىنسانىنى ئوخشىمىغان ئەھۋاللار ۋە تۈرلۈك مىجەز - خاراكتېر بىلەن ياراتتى. ئۇلاردىن باي - كەمبەغەل ، كۈچلۈك - ئاجىز ، مۇلايىم - قوپال ۋە تېرىشچان - ھورۇنلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

الله تعالى ئىنسانلارغا ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ، ئۇلارنى تۆۋەن سۈپەتتىن يۈكسەك يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرىدىغان ئۆزىنىڭ شەرىئەتلىرىنى يولغا قويدى ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ داغلىرىدىن ۋە شەھۋەتلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاكلىدى ، قەلبلەرنى شەك ۋە شۈبھىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن نۇرلاندۇردى ، نادانلىق قاراڭغۇلۇقلىرى قاپلىغان چاغدا ، ئومۇمىي دەلىل - پاكىتلارنى يورۇتۇپ بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ، الله تعالى نىڭ پۇختا ھۆكۈملىرى الله تعالى ياراتقان تەبىئىي پىترەت تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ۋە ئەقىللەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى بولغان ھالەتتە ، ئەقىللەرنىڭ الله تعالى نىڭ ھۆكۈملىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىقى ئۈچۈن ، خاتالىقتىن ساقلىغۇچى بولغان ھالەتتە ۋە

نەپسلەرنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىپ كېتىشتىن توسقۇچى بولغان ھالەتتە كەلدى.

اللّٰه نىڭ ھۆكۈملىرى ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى باتىلدۇر؛ اللّٰه نىڭ ھۆكۈملىرى توغرا يولدۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر؛ اللّٰه نىڭ ھۆكۈملىرى نۇردۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى زۇلمەتتۇر؛ اللّٰه نىڭ ھۆكۈملىرى خاتىرجەملىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئەنسىزلىكتۇر؛ اللّٰه نىڭ ھۆكۈملىرى شادلىقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىق ۋە تارچىلىقتۇر.

اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى ۞ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا ۞ قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى۞﴾ «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» [124]. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ [125]. اللّٰه ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن» [126]».[1]

[1] سۈرە تاھا 124-126 ئايەت.

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زات مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اﷲ قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اﷲ تىنمۇ ئادىل كىم بار».[1]

اﷲ تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ﴾ «اﷲ مۇئمىنلەرگە اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى».[2]

كىمكى ئۆز رەببىگە ئىمان ئېيتسا، ھەربىر ئەزالىرى ۋە قەلبى بىلەن تەسلىم بولسا، ئىسلام شەرىئىتىگە مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە بويسۇنسا، شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئىنساننىڭ نەپسى ياخشىلىنىدۇ ۋە ئۆز مېۋىسىنى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، ھوشيارلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە تەقۋالىققا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ئەڭ يۇقىرى

[1] سۈرە مائىدە 50- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 164- ئايەت.

دەرىجىدىكى پەزىلەتتۇر ، ھېچبىر نېمەت باراۋەر بولالمايدىغان ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر ۋە ھېچبىر ئىنئام باراۋەر بولالمايدىغان ئەڭ يۈكسەك ئىنئامدۇر. بۇ — اللە تعالى نىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىشۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋە ئېگىز - پەسلىك بولمىغان توغرا يولدا ماڭغۇچى كىشىلەرنىڭ قەدەملىرىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى زىيادە قىلىش ئۈچۈندۇر.

بىز ھەر كۈنى اللە تعالى دىن تەكرار - تەكرار ھالدا بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشىنى ۋە شۇ يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى سورايمىز. ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ۞ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ۞﴾ « بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [6]. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس ، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن ) [7]».[1]

ئۇ بولسىمۇ تەلەپ - مەقسەدنىڭ ئاخىرقى چېكىدۇر.

اللە تعالى ئۆز بەندىسى ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە ئىنئام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ أَنْ يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِنْ شَيْءٍ وَأَنْزَلَ اللَّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ وَكَانَ فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ عَظِيمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا اللە نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا

[1] سۈرە فاتىھە 7-8 ئايەت.

ئىدى ، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى ؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اﷲ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى ، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۇردى. اﷲ نىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر». [1]

اﷲ تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَا أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «اﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى ، ھېكمەتنى (يەنى كىتابدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار ، اﷲ قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى ، اﷲ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر». [2]

اﷲ تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللَّهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ أُولَئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ ۞ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَنِعْمَةً وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ «بىلىڭلاركى ، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى) بار ، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا ، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار ،

[1] سۈرە نىسا 113- ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 231- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لېكىن اللە سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى ، سىلەرگە پىسقىنى ، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى ، ئەنە شۇلار اللە نىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».[1]

مۇسۇلمان — اللە قا تەسلىم بولغۇچىدۇر ؛ مۇئمىن بولسا ، اللە نىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىگە ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار بىلىشكە قادىر بولالىغانلىرى ۋە بىلىشكە قادىر بولالمىغانلىرى ھەم بارلىقىغا ، شۇنداقلا اللە نىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى رەھمەت ، ياخشىلىق ۋە پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىگە خاتىرجەم بولغۇچىدۇر.

نەپسلەر — يۇگەن سېلىنمىسا ئېزىپ كېتىدىغان ، راھەتلەندۈرۈلمىسە چارچاپ ، زېرىكىپ قالىدىغان بولغاچقا ، اللە تعالى ئۆزىنىڭ شەرىئەتلىرىنى ، بۇيرۇقلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى نەپسلەرنىڭ ئۇخشىمىغان سۈپەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ھەمدە ھەرخىل تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ۋاقىتلارغا ۋە شەكىللەرگە بۆلۈپ ، ئاندىن شۇ نەپسلەردىن ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى ۋە ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى تولۇق قىلىپ بەردى. ياراتقۇچى زاتنىڭ شەرىئىتى يارىتىلغۇچى بەندە ئۈچۈن بولۇپ ، ئۇ زات نەپسلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ، ئۇنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈك ئورۇنلىرىنى ، شۇنداقلا نەپسنىڭ قوبۇل قىلىشى يۇشۇرۇن بولغان ۋە قېچىشى يۇشۇرۇن بولغان ئورۇنلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى زاتتۇر. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «(مەخلۇقاتنى)

[1] سۈرە ھۇجۇرات 7-8 ئايەت.

ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر».[1]

مانا بۈگۈن بىز رەھمەت پەسىللىرىدىن بىر پەسىلنىڭ ئىشىكلىرى ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز ۋە بەرىكەت شامالىلىرىدىن بىر شامالنى كۈتۈۋاتىمىز. مانا بۇ ۋاقىتتا تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ ئەجرى كاتتا بولۇپ، ياخشىلىقلار ھەسسىلەپ زىيادە قىلىنىدۇ، يامانلىقلار ئۆچۈرۈلىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە شەيتانلارنىڭ ئاسىيلىرىغا كىشەن سېلىنىدۇ. كەمبەغەل - مىسكىنلەرنىڭ جىگەرلىرى نەمدىلىدۇ ۋە نۇرغۇن گۇناھ - مەئسىيەت ئەھلىلىرى ئۆزىنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلىرىدىن يانىدۇ، قايمۇقۇپ ھەق يولدىن قېچىپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆز رەببى تەرەپكە قايتىدۇ. بۇ ۋاقىتنىڭ كېچىلىرى — كېچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر؛ كۈندۈزلىرى — كۈندۈزلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. بۇ ئاينىڭ پەزىلەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ گويا بۇلدۇقلاپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاقتۇركى، تەقۋالىقتا تەشنا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئوچۇملاپ ئىچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر نىدا قىلغۇچى نىدا قىلىپ: «ئى ياخشىلىقنى قىزىققۇچى، خۇش بېشارەت ئېلىڭ! ئى يامانلىققا قىزىققۇچى، يامانلىقتىن يېنىڭ!» دەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا جەننەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ ۋاقىت ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾ «رامىزان ئېيىدا

[1] سۈرە مۈلك 14- ئايەت.

قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر».[1]

ﷲ تعالى رامىزاننى پەرز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى».[2]

ﷲ تعالى ئۇلارغا رامىزان كۈنلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشكە يېتەكلەش بىلەن رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنى قىزىقتۇردى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە چاپلىشىپ، ئۇلارنى سۆسلاشتۇرۇپ ۋە ھۇرۇنلاشتۇرۇپ قويىغان نەرسىلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ۞ أَيَّامًا مَعْدُودَاتٍ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [183]. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر...».[3]

---

[1] سۈرە بەقەرە 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 183- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەر 183- ئايەت ۋە 184- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ﷺ ئۆز ئۈممىتىگە بۇ كاتتا ئاينىڭ ئورنىنى تونۇتۇپ ، ئۇلارغا بۇ ئاينىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ ، بۇ ئاينى غەنىيمەت بىلىشكە يېتەكلەپ ، بۇ ئاينىڭ كېچە - كۈندۈزلىرىگە ھېرىسمەن بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۆز سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن ياخشى بىر ئۈلگىنى تىكلەپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولى — يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر ھەمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نۇرى — نۇرلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ﴾«ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر ، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن».[1] ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە — الله نى ، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر».[2]

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھۆرمەتلىك ئاينىڭ پەزىلەتلىرىنى ، ئۇنىڭ قىيامىنى ، روزىسىنىڭ دەرىجىلىرىنى ، كىشىلەرنى بۇ ئايغا تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان ۋە بۇ ئايدا ئەمەللەرنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارىدىغان دەرىجە - پەزىلەتلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن:

---

[1] سۈرە ئەنئام 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەھزاب 21- ئايەت.

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[①] يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان كېچىسى تەراۋىھ ئوقۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[②] يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قەدىر كېچىسى تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[③]

2. سەھل ئىبنى سەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە رەييان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت روزا تۇتقانلارلا كىرىدۇ».[④]

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ياخشى ئەمىلىنىڭ ئەجرى 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچىلىك كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ‹لېكىن روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[④] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن. ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ تامىقىنى ۋە شەھۋىتىنى تەرك قىلىدۇ. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار: بىرى، ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق؛ يەنە بىرى، ئۇ رەببىگە ئۇچراشقان چاغدىكى خۇشاللىق. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى الله نىڭ نەزىرىدە ئىپار پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر> ».[1]

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرگە بەرىكەتلىك بىر ئاي يېتىپ كەلدى، الله تعالى سىلەرگە ئۇ ئاينىڭ روزىسىنى پەرز قىلدى، ئۇ ئايدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلارغا كىشەن سېلىنىدۇ. ئۇ ئايدا مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان بىر كېچە بار. كىمكى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالسا، ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ».[2]

بۇ ھۆرمەتلىك ئاينىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە بۇ ئايدا ياخشىلىقلارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا بۇ ئاينىڭ ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىشكە قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىز يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ھەدىسلەردە ياخشىلىققا قىزىققۇچى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل - پاكىتلار بار.

ئۆز قەلبىگە نەسىھەت قىلغۇچى ، نەپسىنى پاكلاشقا تىرىشقۇچى ، ياخشىلىقلارغا ئالدىرىغۇچى ۋە جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى تەلەپ قىلىشتا راستچىل بولغۇچىنىڭ ھەممىسى بۇ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ، يەڭلىرىنى ئىنتايىن جىددىي تۈرۈش بىلەن ئۆز نەپسىنى تەييارلىشى كېرەك. ئالدىن اللە قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ، قەلبىنى تۈرلۈك ياخشى ئەمەللەر بىلەن نۇرلاندۇرۇشى ، گۈزەل ئەخلاقلار ۋە ئىبادەتلەر بىلەن ئۆز نەپسىنى ئەدەپلىك قىلىشى ھەمدە مۇئمىنلەرنىڭ پاك يولىدىن ئاسىيلارنىڭ رەزىل يوللىرىغا يېقىنلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن نەپسىنى كونترول قىلىشى كېرەك ، شۇنداقلا بۇ ئىشلاردا ھىممىتى ئاجىز بولماسلىقى ، ئەزالىرى بوشاڭ بولماسلىقى ، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشمەسلىكى ۋە اللە قا قارشى خىياللارغا جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك.

بۇ كۈنلەر ئاخىرلىشىشى يېقىن بولغان پەقەت ساناقلىق كۈنلەردۇر ، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدا نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ ۋە زىيان تارتقان كىشى زىيان تارتىدۇ. بىزنىڭ بىرىمىز ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ، بۈگۈن ئاسان بولغان نەرسە ئۈچۈن تاقىتى يېتىدىغان ، قادىر ، ساغلام ۋە كۈچلۈك ھايات ھالىتىدە تاپامدۇ ياكى زېمىن ۋە تۇپراقنىڭ باغرىدا بولامدۇ ، بۇنى بىلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھۆرمەتلىك ئاينىڭ پەزىلەتلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنىڭ دەرىجىلىرىنى ئۈممىتىگە تونۇتتى. بۇ ئايدا ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالەتتە ھىدايەت يوللىرىغا باشلىدى ، ئۇنى زايا قىلىۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا سەل قارىغان كىشىلەرنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە خار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنچىلىك پەزىلەتلىك ئەمەللەردىمۇ ھەرىكەتلەنمەي سۇسلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، ئۆزىنى تەربىيىلەشكە سەل قارىغانلىقى ۋە ياكى ۋاقىت ، كۈن ۋە ئاي ئۆتۈپ كېتىشكە ئاز قالغاندا ئاندىن ئالدىرىغانلىقىنى ئەيىبلىدى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تائەت ئەھلى ۋە سەۋر ئەھلىنىڭ شەرەپ ۋە ياخشىلىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ﴿يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام ، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم»[1] دېگەنلىكىنى ، لېكىن ئۆتۈپ كەتكەن پۇرسەتنىڭ پۇشايمان بىلەن قايتىپ كېلىشى ياكى يوقاپ كەتكەن نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتتىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ﷺ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ياخشىلىقنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىنى چېكىشكە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىشىكلىرى ئېچىلغان ۋە سەۋەبلىرى ئاسان بولغان بارلىق ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. چۈنكى ، كىچىك ياخشىلىق چوڭىيىدۇ ، چوڭ

[1] سۈرە نىسا 73- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىق كاتتا بولىدۇ ۋە ئاز ياخشىلىق كۆپىيىدۇ. مۇسۇلمان ياخشىلىقتىن كىچىككىنە بىر نەرسىنىمۇ تۆۋەن كۆرمەسلىكى، ئۆزىنى الله تعالى غا يېقىنلاشتۇرىدىغان كىچىككىنە بىر ئەمەلدىنمۇ ۋاز كەچمەسلىكى ھەمدە ھەربىر سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئۈلگىسى، يېتەكچىسى ۋە مېھرىبان نەسىھەت قىلغۇچىسى بولغان پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشى لازىم. الله تعالى پەيغەمبەر ﷺ نى شۇنداق سۈپەتلەيدۇ: ﴿لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أَنْفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُمْ بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆزئارا ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر».[1]

سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بارلىق ئەخلاقلىرىنى، مەنھەجىنى ۋە يول - يورۇقلىرىنى ئىزىق چىشىڭىز بىلەن چىشلەپ، پەيغەمبەر ﷺ نى ئۈلگە قىلىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىڭ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقى، مەنھەجى ۋە يول - يورۇقلىرىدىن:

1. سەدىقىلەرنى كۆپ قىلىش، نەپلە ناماز ۋە قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي كىشى ئىدى. بولۇپمۇ، رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى.

[1] سۈرە تەۋبە 128- ئايەت.

پەيغەمبەر ﷺ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن رامىزاندا ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ قۇرئاندىن دەرسلىك قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى». [1]

2. روزا تۇتقۇچىلار ئېرىشكەن ئەجىرلەرگە باراۋەر ئېرىشىش ئۈچۈن، روزا تۇتقۇچىلارنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئىپتار قىلدۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇش. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيمەستىن، ئىپتارلىق بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ». [2]

3. روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇشنى ئاللاھ تائالى ئۈچۈن خالىس قىلىش، شۇنداقلا رامىزاندا شۇ ئارقىلىق كاتتا ئاتا - ئېھسانغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قەلبىنى يامان مەقسەتلەردىن ۋە رىيانىڭ كىرلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش.

كاتتا ئاتا - ئېھسان دېگىنىمىز، يۇقىرىقى ھەدىسلەردە كەلگىنىدەك، «ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىدۇر».

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

4. رامىزان كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇشتا ، بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ۋە ئۇنىڭدىكى مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان كېچىدە قىيامدا تۇرۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ئۇ بولسىمۇ قەدىر كېچىسىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە ، پەيغەمبەر ﷺ كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغۇتاتتى ۋە بېلىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلىناتتى)».[1]

5. جىھادنىڭ بارلىق تۈرلىرى بىلەن اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغان ، تەييارلىق قىلغان ، مۇجاھىدلارنىڭ ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزغان ، قۇتقۇزۇشقا تىرىشقان ۋە ياردەم بەرگەن ھالەتتە ، شۇنداقلا مۇجاھىدلارغا ياخشىلىق بىلەن ئورۇنباسار بولغان ھالەتتە جىھاد قىلىش.

ھەقىقەتەن ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ كاتتا ئىككى جەڭ رامىزان ئېيىدا بولغان. بىرى ، بەدر جېڭى. بۇ جەڭ — ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان فۇرقان كۈنىدە بولغان ؛ يەنە بىرى ، روشەن فەتىھ بولغان مەككە فەتھىسى. بۇ مەككە فەتھىسى بىلەن زېمىندىكى ئەڭ بۈيۈك ماكان شېرىك ۋە مۇشرىكلارنىڭ نىجىسلىرىدىن پاكلانغان ئېدى. ھەقىقەتەن رامىزان ئېيىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئەجرى كاتتا ۋە بۈيۈك بولغىنىدەك ، جىھاد مەيدانىدا روزا تۇتۇشنىڭ ئەجرىمۇ ناھايىتى كاتتىدۇر.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، اللە ئۇ بەندىنى دوزاختىن يۈز يىل يىراق قىلىدۇ».①

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، اللە ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىنى ئاسمان - زېمىننىڭ كەڭلىكىدە يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ».②

**6.** دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەمدە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش سەۋەبلىرىدىن بولغان ئىخلاسقا ئەھمىيەت بېرىش. دۇئا قىلغان ۋاقىتتا، چىن قەلب بىلەن دۇئا قىلىش، دۇئادا ئاۋازىنى پەس قىلىش، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، گۇناھلىرىغا ئىستىغپار ئوقۇش، دۇئانى ئۈچ قېتىم تەكرارلاش، اللە تعالى غا كۆپ يېلىنىش، دۇئادا جەزم قىلىش، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئىشەنچ قىلىش، دۇئادا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار. شۇنىڭدەك، سۈرە بەقەرەدە كەلگەن روزا ئايەتلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كەلتۈرۈش. اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا

---

① نەسائى رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)».[1] ئۇمىدكى بۇ ئايەتتە، بۇ ھۆرمەتلىك ئاينى غەنىيمەت بىلىشكە ئىشارەت بار ۋە بۇ ئايدا ئاسمان ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن، دۇئالارنى خاس قىلىش بار.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «روزىدارنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىتىكى دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلار: ئادىل ئىمام، روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغان ۋاقىتتا قىلغان دۇئا ۋە مەزلۇمنىڭ دۇئاسى».[3]

بىز بۈگۈن پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئازاب تارتىۋاتقان مۇئمىنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئازاب تارتىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ مۇسىبەتلىرىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش سائەتلىرىنى غەنىيمەت بىلىشكە، اللە تعالى غا دۇئادا يېلىنىشقا ۋە كۆپ دۇئا قىلىشقا نېمىدېگەن مۇھتاج-ھە!؟ بىز بۇ ھۆرمەتلىك ئايدا، قوللىرىمىزنى اللە قا كۆتۈرۈپ، زىيان ئىچىدە

---

[1] سۈرە بەقەرە 186- ئايەت.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىنىڭ سورىغىنىدەك، ﷲ تىن يىلىنىپ سورىشىمىز كېرەك. ئالدىدىكى ئىشكلەر تاقالغان ئاجىز ۋە كەمبەغەل كىشىنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك، ﷲ تعالى دىن ئۈمىد قىلىشىمىز ھەمدە بېرىپ - كېلىش سەۋەبلىرى ئۈزۈلۈپ تىگىرقاپ قالغان كىشىنىڭ يىلىنغىنىدەك ﷲ تعالى غا يىلىنىشىمىز كېرەك.

بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەدر كۈنىدىن ئۆزىمىزگە ئۈلگە ئېلىشىمىز كېرەك. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر كۈنى، پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلارغا قارىدى، ئۇلارنىڭ سانى 1000 ئىدى، ساھابىلەرنىڭ سانى 319 ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قىبلىگە يۈزلەندى، ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ ﷲ تعالى غا دۇئا قىلىشقا باشلىدى: <ئى رەببىم، ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن! ئى رەببىم، ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ۋۇجۇدقا چىقارغىن! ئى رەببىم، ئەگەر سەن ئىسلام ئەھلىدىن بۇ جامائەتنى ھالاك قىلساڭ، زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ.> پەيغەمبەر ﷺ قىبلىگە يۈزلىنىپ، قولىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ھەتتا تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونىنى مۈرىسىگە ئارتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى. ئۇ چوقۇم ساڭا ۋەدە قىلغان نۇسرەتنى ئاتا قىلىدۇ» دېدى.[1]

بىز ياشانغانلارنى، بالىلارنى، ئاياللارنى ۋە ئاجىزلارنى بۇ دۇئاغا قىزىقتۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇئاسى فەتىھ، نۇسرەت ۋە

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

رىزىق ئىشىكلىرىدىن بولغان كاتتا بىر ئىشىكتۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر پەقەت ئىچىڭلاردىكى ئاجىزلار سەۋەبلىك رىزىقلىنىسىلەر ۋە نۇسرەتلىنىسىلەر».[①]

7. يامان ئەخلاقلاردىن، سەت گەپ - سۆزلەردىن، ناچار ئىشلاردىن، گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چۆكۈپ كېتىشتىن، الله نىڭ ھۆكۈملىرىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، سۈرەن - چۇقان سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتىن يىراق تۇرۇش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتسا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن، ۋارقىراشمىسۇن. ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ كىشى <مەن روزىدارمەن> دېسۇن».[②]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزىدار تۇرۇپمۇ يالغان سۆز ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ يېمەي - ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا الله تعالى نىڭ ھاجىتى يوق».[③]

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

③ بۇخارى رىۋايىتى.

## خاتىمە

بەدەنلەرنى تىترىتىدىغان ، قەلبلەرنى قورقىتىدىغان ۋە نەپسلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بۇ كاتتا ھەدىسنىڭ بىزگە ۋەز - نەسىھەت بولۇشى ئۈچۈن ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. بىز بۇ ھەدىسكە ھەر ۋاقىت نەقەدەر مۇھتاج - ھە!؟ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەرگە ئۆرلەپ: «ئامىن ، ئامىن ، ئامىن!» دېدى. ئاندىن: «ئى رەسۇلۇللاھ ، سەن مۇنبەرگە ئۆرلەپ ‹ئامىن ، ئامىن ، ئامىن› دېدىڭغۇ ؟» دېيىلدى ، پەيغەمبەر ﷺ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ‹كىمكى رامىزان ئېيىنى تاپسا ، ئاندىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنماي دوزاخقا كىرسە ، اللّٰه ئۇ كىشىنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن ، ئامىن دېگىن› دېدى ، مەن ‹ئامىن› دېدىم...».①

بىز اللّٰه تعالى دىن بۇ ئايىنى مۇجاھىدلار ئۈچۈن فەتىھ ، سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەر ئۈچۈن پاناھلىق ، قورقۇنچىلار ئۈچۈن خاتىرجەملىك ، ئەسىرلەر ئۈچۈن نىجاتلىق ، بىچارە بەختسىزلەر ئۈچۈن خۇشاللىق ، ئۈمۈدسىزلەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئارزۇ - ئۈمىد ، ئاجىزلار ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە تۇتقۇن قىلىنغانلار ئۈچۈن ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇش ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئېيى قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز! اللّٰه ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ، بەندىلىرىگە يېقىن ، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچى زاتتۇر.

وصلى الله وسلم وبارك على عبده الأمين وآله وأصحابه الطيبين
الطاهرين وعلى كل مهتدٍ بهديهم إلى يوم الدين

---

① ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى ۞ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا ۞ قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى ۞﴾

«كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» [124]. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ [125]. الله ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن» [126]». (سۈرە تاھا 124-126 ئايەت).